# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايتتى

□ شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز

يېقىندا، «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق غەرب تاراتقۇلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتالمىش «خاس خەۋەر» ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، خالىغانچە قارا چاپلىدى. شۇ يەر ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ «قايتا تەربىيە لاگېرى» «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ھە دەپ قاماپ قويۇش» «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش» قاتارلىق ئويدۇرۇپ چىقىلغان ئاتالمىش دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق شىنجاڭنى جازالىماقچى بولدى. بۇ، پۈتۈنلەي ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئاساسسىز بىلجىرلاش، قارىسىغا تۆھمەت قىلىش بولۇپ، مەن غەرب تاراتقۇلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوللانغان قوش ئۆلچىمىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم، يەنە ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەش مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭغا ئەسەبىي ئىدىيە سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ 2001 ـ يىلى «11 ـ سېنتەبىر» تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئامېرىكىدىكى نيۇ يوركقا ئوخشاش، كىشىلەر ھەر كۈنى جىددىيلىك، ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتتى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىك دەرىجىدە قانۇنغا خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بۇ يىلدىن بۇيان، مەن 40 نەچچە تۈركۈم چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالدىم، ئۇلار بەس ـ بەستە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلغا يۈكسەك باھا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلاپ، شىنجاڭ ئىنتايىن گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن بىخەتەر ئىكەن، دەپ قارىدى.

مەن قەشقەر، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىنى كۆپ قېتىم نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ سىنىپتا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، قانۇن ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، ماھارەت ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ھەقسىز تەمىنلىگەنلىكىنى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى، ئەركىن، خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنىۋاتقانلىقى، ياشاۋاتقانلىقى، كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئىشى بولسا رۇخسەت سوراپ سىرتقا چىقالايدىغانلىقىنى، ئۆيىگە قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولالايدىغانلىقىنى، خالىغان ۋاقىتتا تېلېفوندا سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سەپسەتىسى ۋە «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قەبىھ قىلمىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاش قىلغانلىقىنى، تەنقىد قىلغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكىنى، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەمبىرەك يېمى بولۇپ قالمىغانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن تونۇيدىغان بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆپىنچىسى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ماھارەتلىرىگە تايىنىپ مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ، ياخشى كۈن كەچۈردى. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى تەربىيەلەنگۈچى ئابدۇغېنى ئىسمايىل تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىدە ئىشلىدى، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇنقىدەك ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغان بوپتۇ، كۆڭلىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋېتىپتۇ. تۇرپان شەھىرىدىكى تەربىيەلەنگۈچى ئىدرىس ئۆمەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، پىچان ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ لۈكچۈن بازارلىق سوتخانىسىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىندى، ھازىر ئۇ ھەر كۈنى تولۇپ تاشقان مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەن. بۇنداق مىساللار يەنە ناھايىتى، ناھايىتىمۇ كۆپ.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئاشۇ ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش، بۇ كۆپچىلىكنى قوغدايدىغان ئەڭ زور ياخشى تەدبىر. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ئادەم يولدىن ئېزىپ قالغان ئادەمگە، نورمالسىز ئادەمگە، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئىلگىرى، نۇرغۇن كىشى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قانۇننى دەپسەندە قىلدى، قانۇنغا خىرىس قىلدى. بىر مەزگىللىك تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق، ئۇلار ھەقىقىي تۈردە نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، قايسى ئىشنى قىلسا بولىدىغان، قايسى ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، دىنىي پائالىيەتلەرنى جەزمەن قانۇن ـ نىزام يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى، قەلبىدە «قىزىل ـ يېشىل چىراغ» ياندى. بۇ نەقەدەر تېپىلغۇسىز ئۆزگىرىش ـ ھە! ئەگەر كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنمىسا، شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق قوترىغان، ئاپەت ئۈزۈلمەيدىغان، خەلق بالا ـ قازاغا ئۇچرايدىغان ئەنسىز جايغا ئايلىناتتى. ھۆكۈمەت خۇددى ئاتا ـ ئانىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاشۇ كىشىلەرنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىپ، ئىدىيە جەھەتتىن، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ يۆلەپلا قالماي، يەنە ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشتىكى ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇردى.

ئىسلامنىڭ ئەسلىي مەنىسى تىنچلىق. ئەسەبىيزم ئىسلام دىنى ئەمەس، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، قائىدىلىرىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىنى دەپسەندە قىلدى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ھاقارەت قىلدى، ھەتتا بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى، ئۇلار بىز مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دۈشمىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان ئاساسىي ئەقىدىسىگە تامامەن خىلاپ.

شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ئۇلارنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ روھىي كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇردى، جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان يار لېۋىدىن قايتۇردى، شىنجاڭ جەمئىيىتى تېخىمۇ تىنچ، ئىناق بولدى، ھەرقايسى مىللەتلەر تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايتتى! شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشكە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى، غەربتىكى ئاشۇ كىشىلەرگە رەسمىي يوسۇندا ئۇقتۇرىمەنكى، ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمماڭلار، ئىڭۋاگەرچىلىك قىلىپ بوھتان چاپلىماڭلار! بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگوچە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش يولىنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭساقلا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ.

# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق رەزىل ئويۇنى

□ شىنجاڭ داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى، پروفېسسور زۇلھايات ئىسمايىل

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، ئۆزى رول ئويناپ، بەزى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ يالغان خەۋەرلىرى ۋە ساختا گۇۋاھلىق ماتېرىياللىرىنى باھانە قىلىپ، ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى، پۈتۈنلەي مۇتتەھەملىك، يولسىزلىق، چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان بۇ «قانۇن لايىھەسى»دە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەققەتەن مۇشۇنداق يالغانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان «قانۇن لايىھەسى» ئارقىلىق داۋاملىق شىنجاڭغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغانلىق. ئۇلارنىڭ دەبدەبىلىك كىشىلىك ھوقۇق تونىغا يوشۇرۇنغىنى دەل شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش، جۇڭگونى توسۇشتەك يامان نىيەتتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئافغانىستان، ئىراق، سۈرىيەنى قالايمىقان قىلغانلىقى بىلەن ئوخشاش.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە دىن، مىللەت، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى.

تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولغىنىغا ئۇزاق بولدى. دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە كونتروللۇقىدا، نۇرغۇن كىشى تېررورلۇق پائالىيەتلىرى، ئەسەبىيزم پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ياكى قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلدى، مەجبۇرلاندى، قايمۇقتۇرۇلدى. يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زەھەرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، نورمال تۇرمۇش بىلەن قانۇننىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئەقلىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدى، ئەگەر ئۇلارغا قارىتا پائال ئارىلىشىش تەدبىرى قوللانمىسا، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ ئۇلارغا بولغان ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ نورمال جەمئىيەت تۇرمۇشىغا سىڭىشىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋالغا قارىتا، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ھەم دىنىي ئەسەبىيزمدىن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەر ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ قېلىندى. قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىشىنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى. شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىپ تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. «مەركەزلىك تەربىيەلەش، ياتاقلىق تۈزۈمدە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەربىيەلەش» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەر باھالاشتا ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن، تەربىيەنى تاماملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ياردەملىشىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىمۇ بولىدۇ.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئىجابىيلىق بىلەن تەنقىدىيلىكنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى تۈرلۈك خاتا قاراشلارغا بىۋاسىتە يۈزلىنىشكە يېتەكلىدى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرىگە ۋە كونتروللۇقىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇچرىشى مەسىلىسىگە قارىتا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى. قانۇن ـ نىزام، مىللەت ـ دىن سىياسىتى ۋە دىن بىلىملىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ ئۆگىتىش ئارقىلىق، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ خەۋپىنى ئېچىپ تاشلاپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىگىلەتتى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيزم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە تامامەن خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ، تىرىشىپ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە ئېغىر خەۋپىنى ئېنىق تونۇتتى، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇردى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بەردى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى نەزەرىيەۋىلىك بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى قوللىنىشتا ئومۇميۈزلۈك سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى ئومۇميۈزلۈك كەمچىل بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، قانۇن بىلىملىرى دەرسلىكى تەسىس قىلدى، يەنە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارىتى كەمچىل بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، مەن سىنىپ، ئاشخانا، ياتاققا كىرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن كەڭ پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئەركىن مۇھىت ۋە جانلىق كەيپىياتتا، مەن ئۇلارنىڭ پۇتۇڭخۇانى راۋان سۆزلىگەنلىكىنىلا ئەمەس، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنىڭ كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەنلىكىنى، ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ دىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇپتۇ، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپتۇ. كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر مۇئەييەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماھارەتنى ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپتۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆلچەمگە يېتىپ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملاپتۇ، بەزىلىرى كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە بېرىپ داۋاملىق ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ يۈكسەك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرىشىگە ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىنى تېپىپ بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لېكىن، بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا يەككە تەرەپچىللىكنى يولغا قويۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، «جازالاش» «كىشىلىك ھوقۇق» كالتىكىنى خالىغانچە پۇلاڭلىتىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان خەلقئارا تەرتىپكە ئېغىر زەربە بېرىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان خەلقئارا سىستېمىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى. شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى چىقىرىش ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى يەنە بىر قېتىملىق شەرمەندە، رەزىل ئويۇنىدۇر. ھەقىقانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، گەرچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق 23 دۆلەت شىنجاڭ «كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگوغا كوللېكتىپ «قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان» بولسىمۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن 54 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى كۈچەپ قوللىدى.

جۇڭگوغا «قالپاق» كىيدۈرمەكچى بولغان ھەرقانداق سۈيقەست ئىشقا ئاشمايدۇ، ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت چوڭ ئائىلىسىدە، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر تىنچلىقنى قوغداپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەخلاق ـ ھەققانىيلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئامېرىكا بولسا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۆزى پايدا ئېلىپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، دۇنيادا بويسۇنغانلار روناق تاپىدۇ، قارشى چىققانلار ھالاك بولىدۇ، دەپ جار سالدى، ئېنىقكى، بۇنداق قىلىش تارىخ چاقىنى كەينىگە ياندۇرغانلىق بولۇپ، چوقۇم كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولدى، دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى غەربتىكى بەزى تاراتقۇلار ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، چېگرا سىرتىدىكى قارا قوللارنىڭ ۋاسىتە تاللىماي شىنجاڭغا قارا چاپلاپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سىياسىي سۈيقەستىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق غەرب تاراتقۇلىرى ۋە ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلار بۇ قېتىم مۇقەررەر ھالدا ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.